# شى جىنپىڭ فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە قويۇق ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئۆزىنىڭ يولى، نەزەرىيەسى، تۈزۈمى، مەدەنىيىتىگە تولۇق ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلسا، تىنچلىقتا بىللە تۇرسا، ئورتاق تەرەققىي قىلسا بولىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىنىڭ يەر شارىۋى خاراكتېرى ۋە ئىستراتېگىيە خاراكتېرى تېخىمۇ گەۋدىلەندى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇشقا كۈچەيدۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ جۇڭگوغا ئاكتىپ سىياسەتنى يولغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تاماملاشنى تېزلىتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇھىت ۋە كېلىمات يۇقىرى قاتلام سۆزلىشىشى ھەمدە رەقەملىك ساھە يۇقىرى قاتلام سۆزلىشىشىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: فىرانسىيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەت يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا ياخشى ھەمكارلاشتى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلدى. فىرانسىيە تەرەپ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش دىپلوماتىيە ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق تىرىشىپ، فىرانسىيە - جۇڭگو، ياۋروپا ئىتتىپاقى - جۇڭگو ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى - جۇڭگو مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنىڭ بالدۇرراق نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. فىرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كېلىمات ئۆزگىرىشى پارىژ كېلىشىمى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسى ھەمدە ۋاكسىنا، قەرزنى كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش جەھەتتە جارى قىلدۇرغان مۇھىم رولى، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق ھالدا كېلىمات ئۆزگىرىشى، ئاممىۋى سەھىيە، ئافرىقىغا قارىتىلغان ھەمكارلىق قاتارلىق مۇھىم، زور يەر شارىۋى ۋە رايون مەسىلىلىرىدە ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن مۇۋاپىق پەيتتە يەنە بىر قېتىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىككى تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىق توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ، كۆپ تۈرلۈك مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بۇيرۇدى:

بىرىنچى، ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم سىن شەكلىدە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن فىرانسىيە پارلامېنتى ئالاقە مېخانىزمىنىڭ 11 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىشىنى قارشى ئېلىش.

ئىككىنچى، ھاياتلىق تېبابىتى، جانلىقلار نەسلىنى يېتىشتۈرۈش، ئاي شارى ۋە مارسنى تەكشۈرۈش، سۇنئىي ھەمراھنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش.

ئۈچىنچى، پورت قىزىق لىنىيە ئالاقىسى قاتارلىق مېخانىزملار ئارقىلىق تاموژنىنىڭ پىرىيوم - كارانتىن ھەمكارلىقى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش.

تۆتىنچى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى قىينىچىلىقىنى يېڭىپ، ئافرىقا جوشقا ۋاباسىنى رايونلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش تېخنىكىسى كېڭەشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ھەمكارلىق كېلىشىمىدە بالدۇرراق ماھىيەتلىك نەتىجە ھاسىل قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش.

بەشىنچى، بېيجىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە پارىژ 2024 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى پۇرسەت بىلىپ، ئولىمپىك ھەرىكىتى ۋە ئەل ئىچى ئالاقىسى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

ئالتىنچى، «جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇغراپىيەلىك بەلگە كېلىشىمى»نىڭ 2021 - يىلىنىڭ بېشىدا رەسمىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنى قارشى ئېلىش. چاي، ئۈزۈم ھارىقى، ئىرىمچىك قاتارلىق جۇڭگو - فىرانسىيە يۇقىرى سۈپەتلىك خاس يېزا ئىگىلىك، يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەممە ئائىلىگە كىرىشىنى قوللاش.

يەتتىنچى، «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسى ۋە دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئادىل تەقسىملەشنى تېزلىتىش ھەمكارلىق تەشەببۇسى» ۋە «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»غا پائال قاتنىشىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ۋاكسىنىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى ھەقىقىي ئىشلىتىدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش.

سەككىزىنچى، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق قوغداپ، كېلىمات ئۆزگىرىشىگە قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، بۇ يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى كېلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنى ۋە كېلەر يىلى 1 - ئايدىكى «بىر پىلانېتا» باشلىقلار يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشنى قوللاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى كېلەر يىللىق «جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كېلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى» بويىچە 26 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنى، 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا تەبىئەتنى قوغداش يىغىنىغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، يۇقىرىقى مۇھىم خەلقئارا قارالمىلاردا ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش.

ئىككى تەرەپ يەنە ئىران يادرو مەسىلىسى، جەنۇبىي قۇتۇپتىكى دېڭىز - ئوكيانلارنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

# مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى شەرھلەيدىغان ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان مۇھىم سۇپا. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئېچىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا، كەسىپ تەرەققىياتىدىن شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون ماس تەرەققىياتىغىچە، بايلىق، مۇھىتتىن جەمئىيەت، خەلق تۇرمۇشىغىچە، سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشقىچە زور ئىقتىساد خىزمىتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش كۆنسېرى مۇكەممەللەشتى، دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسىدىكى كەم تۈرلەر تولۇقلاندى، مۇھىم، زور فاڭجېن - سىياسەتلەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى، تەرەققىيات يۆنىلىشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، روشەنلەشتى.

بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ رامكا ئىسخېمىسى سىزىپ چىقىلدى ——

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈرلۈك ئۆزگىرىش بولدى، دۆلەت ئىچىدە ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئېغىرلاشتى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا تەرەققىياتنىڭ دەۋر باش تېمىسى ۋە تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىسى پۇختا ئىگىلەندى، تەرەققىيات چوڭ يۆزلىنىشىگە قارىتا مۇھىم ھۆكۈملەر چىقىرىلدى، تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قارىتا مۇھىم، زور تەدبىرلەر چىقىرىلدى.

2016 - يىلى «مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى» ئىكەنلىكى تۇنجى قېتىم تەكىتلەندى؛

2017 - يىلى «دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىمۇ يېڭى دەۋرگە كىردى، ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈزلەندى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛

2018 - يىلى «دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھېلىھەم مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۆزاققىچە تۇرىدۇ» دەپ يەنە بىر قېتىم شەرھلەندى؛

2019 - يىلى «دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت تۈپ يۈزلىنىشى ئۆزگەرمىدى» دەپ كەسكىن كۆرسىتىلدى.

ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلغان، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان سىياسەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىيۈرۈش سىياسەت رامكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ پاراخوتنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى ——

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىز پەۋقۇلئاددە قالتىس تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى: 2016 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچىنىڭ باشلىنىش يىلى، قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلغان يىل بولدى؛ 2017 - يىلى «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان مۇھىم بىر يىل، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان يىل بولدى؛ 2018 - يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشتا ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسى باغلانغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل بولدى؛ 2019 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل بولدى؛ 2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل بولدى.

ھەربىر مۇھىم تەرەققىيات تۈگۈنىدە، ھەربىر مۇھىم، زور نىشان - ۋەزىپىلەردە، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى قاراتمىلىقىغا ئىگە ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى يولغا قويۇشنى بېكىتىپ، ئېنىق بولغان ئىقتىساد خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق سىياسەتنى مۇۋاپىق پەيتتە ئالدىن تەڭشەپ، مىكرو تەڭشەپ، ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ، رېتسېپنى توغرا يېزىپ، بازار ھەرىكىتىگە ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلىپ، جەمئىيەت كۆزلىمىسىنى مۇقىملاشتۇردى، 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە دۆلىتىمىز ئىقتىسادى يىللىق ئوتتۇرىچە %6.7 ئېشىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

باشتىن - ئاخىر ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى كۆزلەپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئۈنۈملۈك تەمىناتنى كېڭەيتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللاندى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېزدىن دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى ياراتتى.

ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا چىقىرىلغان بىرقاتار تەدبىرلەر توغرا بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۆرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتە ئىقتىساد خىزمىتىنى تىزگىنلەشتىكى يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈردى.

بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئۇزاق كەلگۈسىنى كۆزلىگەن يول خەرىتىسىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ——

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا: دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشقا تۈرتكە بولۇشتا، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە پۇختا ئاساس سېلىندى. 2018 - يىلىدىكى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا «قۇدرەتلىك ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 2019 - يىلىدىكى يىغىندا «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق قېزىپ، ئىستېمالنىڭ ئۇلۇغ رولى ۋە سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەككى» يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ھەم يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى.

كېلەر يىلى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان باشلىنىدىغان يىل، پات ئارىدا ئېچىلىدىغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا جەزمەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنىڭ قەدەم ئېلىش يىلى ئۈچۈن ھەرىكەت لايىھەسى ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىدۇ.

## يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، ئىرادىنى ساقلاش

**—— يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇش**

بەش يىلدىن بۇيانقى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىغا نەزەر سالساق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇنى ئىگىلەپ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش»نى ئالغا سىلجىتىشتىن نۇقتىلىق ھالدا «بوزۇش» «تۇرغۇزۇش» «تۆۋەنلىتىش»كە كۈچ سەرپ قىلىشقىچە، يەنە «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش»قا كۈچ سەرپ قىلىشقىچە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى ئىنتايىن روشەنلەشتى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى نورمال ھالەتكە كىردى، سۈرئەتنىڭ ئۆزگىرىشى، قۇرۇلمىنىڭ ئەلالىشىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ ئالمىشىشىدىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى خىرىس ئالدىدا، جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق تەرەققىيات ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

2016 - يىلىدىكى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا مۇنۇلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇنى ئىگىلەپ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تۇتقا. بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش، قالدۇقنى تۈگىتىش، پىشاڭنى تۈگىتىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى %76.6 كە ئۆرلەپ، ماكرو پىشاڭ نىسبىتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش يۈزلىنىشى تىزگىنلەندى؛ تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ باج يۈكى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلدى، 2016 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج، تۆۋەنلىتىلگەن ھەق جەمئىي 7 تىرىليون 600 مىليارد يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ۋەكىل قىلغان ھالدا، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئومۇميۈزلۈك كۈچەش، كۆپ نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولدى. بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا بېكىتىلگەن ئىسلاھات تەدبىرلىرى تەدرىجىي ھالدا پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىدىكى ئىسلاھاتتا مۇھىم، زور بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئېچىۋېتىش «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئېچىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدىكى يەنە بىر ئاچقۇچلۇق سۆز.

بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ھەر تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇشنى كۆزلەپ، بىر قاتار ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە يېڭى مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشى سىجىل كېڭەيدى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نەتىجىلىرى مول بولدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، تاشقى سودا ۋە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش سەۋىيەسى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى.

2019 - يىلىدىكى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىككى چاق قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي رىقابەت كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

بەش يىلدىن بۇيان، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ۋە ئاساسىي نۇقتىلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ دەل جايىدا يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

جۇڭگو ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراپ مەزمۇت قەدەم تاشلىدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى سىجىل ئەلالىشىپ، سۈپىتى، ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى %60 ئەتراپىدا ساقلاندى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى يىللىق ئوتتۇرىچە %10.4 ئەمەلگە ئاشتى، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى 130 مىليوندىن ئاشتى، دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇسنىڭ شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتى %60 تىن ئاشتى، ئادەملىك ئالەم قاتنىشى، ئاينى چارلاش قۇرۇلۇشى، دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش، كۋانت خەۋەرلىشىشى، ئادەملىك چوڭقۇر چۆكۈش قاتارلىق ساھەلەردە زور بىر تۈركۈم مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى.

«14 - بەش يىل»غا يۈزلەنگەندە، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى جەزمەن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراپ پۇختا قەدەم تاشلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

## خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئادەمنى ئاساس قىلىش

**—— خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش**

بۇ يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، گۈيجوۋ ئۆلكىسى قېپقالغان توققۇز نامرات ناھىيەنىڭ نامرات ناھىيە قاتارىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، دۆلىتىمىزدىكى 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇتلەق نامراتلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت نەچچە مىڭ يىللىق ئارزۇسى پات ئارىدا بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىشقا ئاشىدۇ.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ خەۋەر ئارگىنالىدا «خەلق تۇرمۇشى» دېگەن سۆز 23 قېتىم تىلغا ئېلىندى. بەش يىلدىن بۇيان، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ كۆرەش نىشانى مەھكەم ئىگىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە كەمتۈكلۈكلەر كۆزلىنىپ، بىر قاتار خىزمەتلەر زىچ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)